AFP

# چەتئەل ھۆكۈمەتلىرىنىڭ ئاۋستىرالىيە جامائەتلىرىگە ئارىلىشىشى

چەتئەل ھۆكۈمەتلىرىنىڭ تەھدىت ۋە قورقۇتۇشلىرىنى قانداق مەلۇم قىلىمەن

FACTSHEET / April 2023

afp.gov.au

## مۇقەددىمە

چەتئەلنىڭ ئارىلىشىشى بولسا ئاۋستىرالىيە خەلقى ، ئىگىلىك ھوقۇقى ۋە بىخەتەرلىكى شۇنداقلا مىللىي ئورگانلىرىمىزنىڭ بىرلىكى ئۈچۈن ئېغىر بولغان تەھدىتكە ۋەكىللىك قىلىدۇ.

چەتئەلنىڭ ئارىلىشىش تەھدىتى ئاۋستىرالىيەدىكى بىرلا كوللىكتىپ ئۇچراۋاتقان تەھدىت ياكى يەككە چەتئەل دۆلىتىنىڭ تەھدىتى بىلەنلا چەكلەنمەيدۇ.

دۈشمەن چەتئەل دۆلەت كۈچلىرى (يەنى باشقا دۆلەتلەرگە قارشى دۈشمەنلىك بىلەن شۇغۇللىنىدىغان دۆلەتلەر) ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەت ئورگان رەھبەرلىك قاتلاملىرىغا قارىتا ئېلىپ بېرىلىدىغان تەسىر كۈچ ۋە ئارىلىشىش پۇرسەتلىرىنى داۋاملىق يارىتىش ۋە كۈچەيتىش كويىدا بولماقتا. بۇ خىل ئۇرۇنۇشلار ھۆكۈمەت ئورگانلىرىدىلا چەكلىنىپ قالماستىن يەنە باشقا كۆپ خىل ساھەلەرگىمۇ بۆسۈپ كىرىۋاتقان بولۇپ ، بۇنىڭ ئىچىدە دېموكراتىك ئورگانلار ، مائارىپ ۋە تەتقىقات ئورگانلىرى ، مېدىيا ۋە خەۋەرلىشىش تەرەپلىرى ، ئۆل ئەسلىھە قۇرۇلۇشلىرى ، شۇنداقلا مۇھىمى بىزنىڭ كۆپ مەدەنىيەت ۋە كۆپ تىللىق جامائەتلىرىمىزگە (CALD) قىلىنىۋاتقان ھۇجۇملارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

## چەتئەل كۈچلىرىنىڭ كۆپ تىللىق جامائەتلەرنىڭ ئىشلىرىغا ئارىلىشىشى

چەتئەل كۈچلىرىنىڭ كۆپ تىللىق جامائەتلەرنىڭ ئىشلىرىغا ئارىلىشىشى بولسا بۇ خىل جامائەتلەرگە قارىتىلغان تەھدىت ۋە قورقۇنچنى كۆرسىتىدىغان بولۇپ ، بۇلار چەتئەل ھۆكۈمەتلىرىنىڭ پىلانلىشى ، نازارىتى ۋە مەبلىغى بىلەن كۆپ تىللىق جامائەتلەرگە تەھدىت سېلىش ئارقىلىق ئاۋستىرالىيەنىڭ كۆپ مەدەنىيەتلىك تۇرمۇش ئۇسۇلىغا زىيان سېلىش ۋە ئۆزگەرتىش كىرگۈزۈش ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ. چەتئەل ھۆكۈمەتلىرىنىڭ كۆپ تىللىق جامائەتلەرنىڭ ئىشلىرىغا ئارىلىشىشى تۆۋەندىكىدەك بىر قاتار مەقسەتلەرنى كۆزلىگەن بولۇشى مۇمكىن:

- چەتئەل ھۆكۈمەتلىرىنىڭ ئىچكى ۋە تاشقى سىياسەتلىرىگە سىرتتىن كېلىدىغان تەنقىدلەرنى جىمىقتۇرۇش ئۈچۈن
- كۆپ تىللىق جامائەت ئەزالىرىنىڭ توردىكى ۋە نورمالدىكى تۇرمۇش پائالىيەتلىرىنى تەقىپكە ئېلىش ئۈچۈن
- چەتئەل ھۆكۈمەتلىرىنىڭ ئىدىيە ۋە سىياسەتلىرىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن
- چەتئەل ھۆكۈمەتلىرىنىڭ مەنپەئەتلىرىگە پايدىلىق ئۇچۇرلارنى توپلاش ئۈچۈن
- كۆپ تىللىق جامائەتتىن ھالقىغان باشقا كوللىكتىپلارنىڭ ئىدىيە ۋە كۆز قاراشلىرىغا تەسىر كۆرسىتىش ئۈچۈن

## چەتئەل كۈچلىرىنىڭ كۆپ تىللىق جامائەتلەرنىڭ ئىشلىرىغا ئارىلىشىش تۆۋەندىكىدەك كۆپ خىل شەكىللەردە ئىپادىلىنىشى مۇمكىن:

- ھۇجۇم قىلىش ياكى ھۇجۇم قىلىش تەھدىتى بىلەن قورقۇتۇش
- سىرىڭنى پاش قىلىمەن دەپ قورقۇتۇش
- گۆرۈگە ئېلىۋېلىش ، قانۇنسىز تۇتۇپ تۇرۇش ياكى كىشىلىك ئەركىنلىكتىن مەھرۇم قىلىش
- كەينىگە چۈشۈش ياكى مەجبۇرى ھالدا نورمال تۇرمۇش پائالىيەتلىرى ۋە ئېلېكترونلۇق ئالاقىلىرىنى نازارەت قىلىش
- يەككە شەخسلەرنىڭ باشقا دۆلەتلەردىكى ئۇرۇغ-تۇغقانلىرى ياكى چەتئەلدىكى تەشكىلاتلارنى ئىشلىتىش ئارقىلىق شەخسلەرنى ئۆزىنىڭ دېگىنىنى قىلىشقا مەجبۇرلاش
- تۇردا مەلۇم شەخس ياكى گورۇپپىلارغا قارىتا ئۇقتىلىق ئېلىپ بېرىلغان پائالىيەتلەر ئارقىلىق ئۇلار ھەققىدە ساختا مەلۇمات تارقىتىپ شۇ شەخس ياكى گورۇپپىلارنى قارىلاشنى مەقسەت قىلىش

تېخىمۇ مۇھىمى ، جىنايى ئىشلار قانۇنىنىڭ 1995-يىل نۇسخىسىغا (Cth) ئاساسەن ، چەتئەل كۈچلىرىنىڭ ئاۋستىرالىيە جامائەتلىرىنىڭ ئىشلىرىغا ئارىلىشىپ توسقۇنلۇق قىلىش پائالىيىتىنى شەكىللەندۈرىدىغان مۇھىم ئامىل بولسا بۇ پائالىيەتلەر جوقۇم چەتئەل ھۆكۈمەتلىرى ياكى ئۇلار ئۈچۈن ئىشلەيدىغان ئورۇنلار تەرىپىدىن ئېلىپ بېرىلغان بولۇشى كېرەك. بۇنداق پائالىيەتلەرنىڭ جىنايىتى سۈرۈشتە قىلىنغاندا قانۇن ئورگانلىرى ھەتتا ئاۋستىرالىيە شتات ۋە تېررىتورىيەلىك ھۆكۈمەتلەرمۇ نەزەردىن ساقىت قىلىنمايدۇ.

## نىشان ئوبىكتى كىملەر؟

چەتئەل ھۆكۈمەتلىرى تۆۋەندىكىدەك بىر نەچچە تۈرلۈك كوللېكتىپنى نىشانلىشى مۇمكىن:

- چەتئەل ھۆكۈمىتىنىڭ ھازىر ئاۋستىرالىيە ياشاۋاتقان بۇرۇنقى ياكى ھازىرقى پۇقرالىرى
- سىياسىي ياكى كىشىلىك ھوقۇق پائالىيەتچىلىرى
- چەتئەل ھۆكۈمىتى بىلەن سىياسىي كۆز قاراشلىرى قارىمۇ-قارشى بولغان كىشىلەر
- ژۇرناللىستلار
- سىياسىي ئۆكتىچىلەر
- دىنىي ياكى ئاز سانلىق مىللەتلەر توپلىرى

## ياردەم ئۈچۈن نېمە قىلالايمەن؟

گەرچە ئاۋستىرالىيە فېدىرال ساقچىلىرى ئۆزلىرىگە ئەۋەتىلگەن ھەر بىر دوكلاتقا قارىتا تەكشۈرۈش ۋە ئېنىقلاش ئېلىپ بارمىسىمۇ ئەمما ھەر بىر دوكلات جامائەتنىڭ نۆۋەتتىكى ئۇچراۋاتقان بىخەتەرلىك مەسىلىلىرى ھەققىدە **ئومۇمىي جەھەتتىن چۈشەنچىنىڭ مەيدانغا كېلىشىگە پايدىلىقتۇر.**

چەتئەل كۈچلىرىنىڭ كۆپ تىللىق جامائەتنىڭ ھەرقانداق ئىشلىرىغا ئارىلىشىش پائالىيەتلىرىنى **مىللىي خەۋپسىزلىك قىزىق لىنىيەسىگە (NSH)** دوكلات قىلىسىڭىز بولىدۇ.

- بۇ لىنىيە ھەر كۈنى 24 سائەت ، ھەپتىدە يەتتە كۈن تولۇق خىزمەت قىلىدىغان بولۇپ ، بۇ لىنىيە سىزنىڭ چەتئەل ھۆكۈمەتلىرىنىڭ جامائىتىڭىزنىڭ ئىشلىرىغا ئارىلىشىشىنى دوكلات قىلىدىغان مەركىزى ئالاقە نۇقتىسى

- لىنىيە خىزمەت خادىملىرى سىز تەمىنلىگەن ئۇچۇرلارغا قارىتا قانداق ئىنكاستا بولۇش ۋە پوزىتسىيە تۇتۇش ھەققىدە تەپسىلى مەلۇماتقا ئىگە بولۇپ ، ئۇلار مۇۋاپىق دەپ قارىغان ئۇچۇرلارنى قانۇن ۋە بىخەتەرلىك ئورۇنلىرىغا تاپشۇرۇپ بېرىدۇ.
- لىنىيە خادىملىرى ھەر بىر تېلېفون ئۇچۇرىنى قەدىرلەپ ، جىددىي مۇئامىلىدە بولىدۇ.
- سىزنىڭ ھەر بىر ئۇچۇرنى مەلۇم قىلىش ئۈچۈن قانچىلىك غەيرەتكە كەلگىنىڭىز لىنىيە خادىملىرىغا ئايان ، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار مەخپىيەتلىكىڭىزنى قەتئىي ساقلايدۇ. كىملىكىڭىزنىڭ ئاشكارىلانماسلىقىنى تەلەپ قىلسىڭىز ۋە بۇ قارارىڭىزنى لىنىيە خادىملىرىغا ئېيتسىڭىز بولىدۇ.
- سىز يەتكۈزىدىغان ئۇچۇرلار نازۇك مەسىلىلەر بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغاچقا بۇ ئۇچۇرلارغا چېتىشلىق بولغان مەسىلىنىڭ ھەل بولغان ياكى بولمىغانلىقى ھەققىدە سىزگە تېلېفون ياكى ئېلخەت ئارقىلىق جاۋاب بېرىلمەيدۇ.

سىز مەلۇم قىلغان ئۇچۇرلار بەلكىم فېدرال ساقچىلار چەتئەل ھۆكۈمەتلىرىنىڭ ئاۋستىرالىيە جامائىتىنىڭ ئىشلىرىغا ئارىلىششىنى توسۇشدا مۇھىم رول ئوينايدىغان ئەمما ساقچىلار ئىزلەپ تاپالمىغان ئۇچۇر بولۇشى مۇمكىن.

**مىللىي خەۋپسىزلىك قىزىق لىنىيەسى (NSH)** بىلەن ئالاقە قىلىشنىڭ تۆۋەندىكىدەك بىر نەچچە خىل ئۇسۇللىرى بار.

- تېلېفون قىلىڭ: **1800 123 400**
  - ئەگەر ئاۋستىرالىيە سىرتىدا بولسىڭىز بۇ نومۇرغا تېلېفون قىلىڭ: (+61) 1300 123 401
  - ئەگەر ئاڭلاشتا قىينالسىڭىز بۇ نومۇرغا تېلېفون قىلىڭ: 1800 234 889
  - **ئەگەر تەرجىمان كېرەك بولسا ئالدى بىلەن تەرجىمانلىق لىنىيەسىگە تېلېفون قىلىڭ: 131 450 ئاندىن ئۇلاردىن مىللىي خەۋپسىزلىك قىزىق لىنىيەسىگە ئۇلاپ بېرىشنى تەلەپ قىلىڭ.**
- **تېلېفون ئۇچۇرى يوللاڭ**
  - ئۇچۇر يوللايدىغان نومۇر: 0429 771 822
- **ئېلخەت يېزىڭ**
  - ئۇچۇرلارنى بۇ ئېلخەت ئادرىسىغا يوللاڭ: hotline@nationalsecurity.gov.au
- **پوچتا ئارقىلىق ئەۋەتىڭ**
  - ئەگەر ئۇچۇرلارنى پوچتا ئارقىلىق ئەۋەتمەكچى بولسىڭىز بۇ ئادرىسنى ئىشلىتىڭ:

National Security Hotline
Department of Home Affairs
PO Box 25
Belconnen ACT 2616

## ئۇچۇر يوللاشنىڭ باشقا ئۇسۇللىرى

مۇۋاپىق بولغاندا باشقا ئۇسۇللار ئارقىلىق ئەندىشىلىرىڭىزنى مەلۇم قىلالايسىز.

- esafety توردىكى ئېغىر ھاقارەت خاراكتېرلىك مەزمۇنلارنى ئۈچۈرۈشكە ياردەم بېرىدۇ. سىز ئۇلارغا سىز توردا ئۇچرىغان **ئېغىر دەرىجىلىك خورلۇقنى** مەلۇم قىلالايسىز. بۇنىڭ ئۈچۈن تۆۋەندىكى ئۇلىنىشتىن پايدىلىنىڭ: esafety.gov.au/report.
- ئەگەر **ھۇجۇمغا ئۇچرىغان ياكى ھاياتى خەۋپ ئىچىدە قالغان** بولسىڭىز تۆۋەندىكى ئامالالارنى قوللىنىڭ:

— ھاياتى بىخەتەرلىكىڭىزگە تەھدىت ئەپكېلىدىغان ھۆجۇمغا ئۇچرىغان بولسىڭىز جىددىي قۇتقۇزۇش ساقچى تېلېفۇنىغا دەرھال تېلېفۇن قىلىڭ: **000**
— ھاياتى بىخەتەرلىكىڭىزگە خەۋپ ئەپكەلمەيدىغان ھۆجۇملارنى مەلۇم قىلىش ئۈچۈن ساقچىلارنىڭ بۇ نومۇرىغا تېلېفون قىلىڭ: **13 14 44**

- ئەنگىلىيە خانلىق دۆلەتلەر بىرلىكىدە يۈز بەرگەن جىنايەتلەرنى خانلىق دۆلەتلەر بىرلىكى جىنايەت مەلۇم قىلىش توربدا مەلۇم قىلالايسىز ، بۇنىڭ ئۈچۈن بۇ ئۇلىنىشتىكى جەدۋەلنى تولدۇرۇڭ: forms.afp.gov.au/online_forms/report_a_crime.
  ئەنگىلىيە خانلىق دۆلەتلەر بىرلىكىدە ئىمپەلەرنىڭ جىنايەت شەكىللەندۈرىدىغانلىقىغا قىزىقسىڭىز بۇ ئۇلىنىشتىن مەلۇماتقا ئىگە بولالايسىز: afp.gov.au/contact-us/report-commonwealth-crime#What-is-a-Commonwealth-crime.

- جامائىتىڭىزنىڭ ھەرقانداق بىر ئەزاسى ھەرقانداق گۇمانىي ئىشپىيونلۇق پائالىيەتلىرى ياكى چەتئەل ھۆكۈمەتلىرىنىڭ ئارىلىشىش ھەرىكەتلىرىنى بىۋاستە ھالدا ئاۋستىرالىيە فىدىرال ساقچىلىرىغا مەلۇم قىلسا بولىدۇ (بۇنى فىدىرال ساقچى ئىدارىسىنىڭ جامائەت ئالاقە خىزمەت خادىملىرىغا دوكلات قىلسىمۇ بولىدۇ).

## جامائەتتە يۈز بېرىۋاتقان چەتئەل ھۆكۈمەتلىرىنىڭ ئارىلىششىنى دوكلات قىلسام قانداق نەتىجە كۆرىمەن؟

ئاۋستىرالىيە فىدىرال ساقچىلىرى ھەممە دوكلاتنى تەكشۈرۈپ ئېنىقلىمايدۇ. ئەمما ئۇلار مىللىي خەۋپسىزلىك قىزىق لېنىيەسىگە كەلگەن ئۇچۇرلارنىڭ ھەر بىرىگە ئەھۋالغا قارىتا قاراپ چىقىدۇ ۋە بۇ ئارقىلىق جىنايەت شەكىللەنگەن ياكى شەكىللەنمىگەنلىكىگە ھۆكۈم قىلىدۇ. سىز مەلۇم قىلغان ئۇچۇرلار تۆۋەندىكى بىر نەتىجە خىل ئەھۋاللار بىلەن نەتىجىلىنىشى مۇمكىن:

- سىز مەلۇم قىلغان ئۇچۇرلار ساقچىلارنىڭ ھەرىكەت قوللىنىشىغا لاياقەتلىك بولمىغانلىقى ئۈچۈن ھېچقانداق خەۋەر ئاڭلىماسلىقىڭىز مۇمكىن
- ئاۋستىرالىيە فىدىرال ساقچىلىرى ئۇچۇرىڭىزنى تەكشۈرۈپ ئېنىقلىشى مۇمكىن
- سىز مەلۇم قىلغان ئۇچۇرلارنى ئاۋستىرالىيە ھۆكۈمىتىنىڭ باشقا ساقچى ياكى ھۆكۈمەت مۇلازىمەت ئورگانلىرى بىر تەرەپ قىلىشى مۇمكىن ئاۋستىرالىيە سىرتىدا يۈز بەرگەن جىنايەتلەرگە قارىتا ئاۋستىرالىيە ھۆكۈمىتىنىڭ ھۆكۈم كۈچى چەككە ئۇچرايدۇ.

## تەھدىت شەكىللىرى

### ئەگەر يۈز تۇرانە تەھدىتكە ئۇچرىغان بولسىڭىز تۆۋەندىكى تەدبىرلەرنى قوللىنىڭ:

- تەھدىتنىڭ قايسى شەكىلدە يۈز بەرگىنىنى يېزىك ياكى خاتىرىلەڭ
- سىزگە تەھدىت سالغان ئادەم توغرىسىدا قانچە ئىنچىكە تەپسىلاتلارنى خاتىرىلىسىڭىز شۇنچە ئەۋزەل ، مەسىلەن ، ئۇلارنىڭ ئىسمى ، جىنسى ، بوي ئېگىزلىكى ، بەدەن ئېغىرلىقى ، چاچ ۋە كۆزلىرىنىڭ رەڭگى ، ئاۋازى ، كىيىنىشلىرى ، ۋە ياكى باشقا ھەرقانداق ئالاھىدىلىكلىرى ھەققىدىكى تەسۋىرلەر.
- تەھدىتنى ساقچىغا مەلۇم قىلىڭ

### ئەگەر تېلېفۇن تەھدىتكە ئۇچرىغان بولسىڭىز:

- مۇمكىن بولغاندا يېنىڭىزدىكى كىشىلەرگە تېلېفۇننى ئاڭلىتىڭ ۋە ساقچىغا مەلۇم قىلىڭ
- تېلېفۇن پاراڭلىرىنى ئۈنگە ئېلىۋېلىڭ

- تېلېفۇندا قىلىنغان تەھدىتنىڭ قانداق سۆزلەر بىلەن ئېيتىلغانلىقىنى تەپسىلىي خاتىرىلەڭ
- تېلېفۇننىڭ ئېلېكترونلۇق كۆرۈنۈشىنى خاتىرىلەڭ
- يۈز بەرگەن تەھدىت ھەققىدە ساقچىلار بىلەن تەپسىلىي پاراڭلىشىشقا تەييار تۇرۇڭ

## ئەگەر باشقا ئېلېكترونلۇق ۋاستىلەردە تەھدىتكە ئۇچرىغان بولسىڭىز، مەسىلەن تېلېفون ئۇچۇرى، تور ئۇچۇرلىرى ياكى ئېلخەتلەر ئارقىلىق، تۆۋەندىكى ئاماللارنى قوللىنىڭ:

- ئۇچۇرلارنى ئۆچۈرىۋەتمەي ساقلاڭ
- ئۇچۇرلارنى بېسىپ چىقىرىڭ ، سورەتكە تارتىۋېلىڭ ، ئېكران يۈزىنى ساقلىۋېلىڭ ياكى ئۇچۇرنىڭ ھەممە يېرىنى (مەسىلەن ئۇچۇر تېمىسى ، يىل ، ئاي ، كۈنلىرى ، ۋاقتى ، ئۇچۇر ئەۋەتكۈچى قاتارلىق مەزمۇنلارنى ) كۆچۈرۈپ ساقلىۋېلىڭ. ئەگەر ئۆچۈپ كېتىدىغان ئۇچۇرلار بولسا دەرھال ئېكران يۈزىنى سورەتكە ئېلىۋېلىشنى ئۇنتۇپ قالماڭ.
- تەھدىتنى ساقچىغا دەرھال مەلۇم قىلىڭ.
- بارلىق ئېلېكترونلۇق ئىسپاتلارنى ساقلاپ قويۇڭ.

بۇ خىل تەھدىتلەردىن ساقلىنىش ئۈچۈن تۆۋەندىكى ئۇسۇللارنى قوللىنىڭ:

- ناتونۇش كىشىلەردىن كەلگەن ئىلخەت ياكى يوللانمىلارنى بېسىپ ئاچماڭ.
- تورلاردا ناتونۇش ياكى سىزنىڭ رازىلىقىڭىزنى ئالمايلا سىز بىلەن ئالاقە قىلغان كىشىلەر بىلەن ئالاقىلاشماڭ.
- ئېلېكترونلۇق ئەسۋاب ۋە ئاكونتلىرىڭىزنىڭ بىخەتەرلىك تەڭشىگۈچىنى ئەڭ يۇقىرى دەرىجىگە تەڭشەڭ.
- تور جىنايەتچىلىرى ئېلېكترونلۇق ئەسۋابلىرىڭىزغا ھۇجۇم قىلىپ شەخسىي ئۇچۇرلىرىڭىزنى سىرتقا ياياﻻيدۇ.
- ئىقتىسادىي ئورۇنلار بىلەن دەرھال ئالاقىلىشىپ كىملىكىڭىزنىڭ ئوغۇرلانماسلىقىغا كاپالەتلىك قىلىڭ.
- ئوخشىمىغان تور بەتلەر ياكى ئاكونتلارغا ئوخشىمىغان شىفىرلارنى ئىشلىتىڭ ، شىفىرلىرىڭىز مۇرەككەپ بولسۇن ، ئوخشاش شىفىرنى كۆپ تور بەتلەر ياكى ئاكونتلارغا ئىشلىتىشتىن ساقلىنىڭ.
- ئېلېكترونلۇق ئەسۋابلىرىڭىزنىڭ ۋىرۇسلارغا ۋە ھۇجۇملارغا قارشى تۇرىدىغان يۇمشاق دىتاللىرىنى يېڭىلاپ تۇرۇڭ.
- قوش قەدەملىك كىملىك ئېنىقلاش ئۇسۇلىنى ئىشلىتىڭ.
- سانلىق مەلۇماتلىرىڭىزنى داۋاملىق ئامبارلاپ تۇرۇڭ.
- تېلېفونىڭىزنىڭ بىخەتەرلىك تەڭشىگۈچلىرىنى داۋاملىق يۇقىرى ھالەتتە ساقلاڭ.
- تور بىخەتەرلىكى ھەققىدە مەلۇماتقا ئىگە بولۇڭ ۋە تور بىخەتەرلىكىنى ساقلاشنى ئۆي ئادىتىڭىزگە ئايلاندۇرۇڭ .
- تېخىمۇ كۆپ ئۇچۇرغا ئېرىشمەكچى بولسىڭىز بۇ تور بەتنى زىيارەت قىلىڭ: cyber.gov.au